# ئىزدىنىش

(تاللانما)

5 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 5-سان

(ئومۇمىي 107-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 3-، 4-، 6-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرەيلى ............................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى(2)**

**يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى ... جياڭ چۇنيۈن(10)**

**ۋەتەنپەرۋەرلىك توغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىدا چىڭ تۇرايلى ............................ ئىسمائىل ئەھمەد(26)**

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى زور سىياسىي مەسىلىدۇر

—يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىرات ............................ **شېن سۇنلياڭ، لۇ يۈي، چېن تيەنۇۋ(39)**

**★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستىمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرەيلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

غايەت زور يۈلتۈز ئېقىپ چۈشتى، پۈتۈن ئالەم ماتەمگە چۆمدى. بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار چەكسىز قايغۇلۇق كەيپىياتتا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ياد ئەتمەكتە؛ خەلقئارا جەمئىيەتمۇ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تارىخ سەھپىسىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئەسرىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ زاتىغا تەزىيە بىلدۈرمەكتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نامى، تۆھپىسى، ئىدىيىسى ۋە خىسلىتى يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ قېلىپ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان غايەت زور مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ، شانلىق ھاياتى قاينام-تاشقىنلىققا تولغان سەلتەنەتلىك ھايات. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ، ئارمىيىمىزنىڭ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممە ئېتراپ قىلغان يۇقىرى ئابرۇيلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرى، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، سىياسىي ئەرباب، ھەربىي ئەرباب، دىپلوماتى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى. ئۇ 70 نەچچە يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، مەڭگۈ ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە ياراتتى. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، ئۇ يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى توغرا لۇشيەننى قەتئىي ھىمايە قىلدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنقىلاب يولىدا قەتئىي مېڭىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپلەردە جەڭ قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىدە ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دا، ئۇ خاتا

تەنقىد قىلىندى ۋە كۆرەش قىلىندى، ئىككى قېتىم ”ئاغدۇرۇلدى“. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى ۋە ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەرتىپكە سېلىشتا ياراتقان نەتىجىلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ، ئارمىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“نى تارمار قىلىش ئۈچۈن كەڭ ئاممىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، ئۇ ئاجايىپ شىجائىتى، جاسارىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىنى ئىپادىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز ئۈچۈن تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان ئىككى چوڭ تارىخىي تۆھپىنى ياراتتى: بىرىنچىسى، پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىغا ئىلمىي باھا بەردى، ئىككىنچىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىمىز تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى بەلگىلەپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھاياتىدىكى ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ تۆھپىسىدۇر.

ئۇلۇغ زات ئالەمدىن ئۆتكەن بىلەن ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى. ئۇ ئۇلۇغ ماركسىزم نەزەرىيە-چىسى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ئۇ ئىجاد قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىزنىڭ ئەڭ قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر. بىز بۇ قىممەتلىك مىراسقا ھەقىقىي رەۋىشتە ۋارىسلىق قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ماركسىزمى. بۇ نەزەرىيە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئېنىقلەپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇ-رۇشقا دائىر بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر سىستېمىلىق جاۋاب

بەردى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە يېڭى ئىدىيە، كۆزقاراش بىلەن ۋارىسلىق قىلدى، بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭدا روشەن دەۋر روھى ۋە مىللىي روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ماركسىزم ھەقىقىتىنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇش ۋە ئىگىلەش جەھەتتە ئېخمۇ ئاڭلىق بولۇپ قالغانلىقىمىز ۋە ئېخمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكىمىزنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تاسادىپىي بولغان ئەمەس. ئۇ—ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى. ماركسىزم ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەمىشە مۇنداق دەپ تەكىتلەيتتى: ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ چوڭقۇر كۆرسەتكەنىدى: ”ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، زادى قانداق ئۆزگىرىش بولدى، ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىتتا، ماركسىزمنى قانداق چۈشىنىش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمىدى. ماركستىن، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يۈز يىل، نەچچە يۈز يىل ئىچىدە تۇغۇلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نەق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېنىنغىمۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 50 يىل، 100 يىل ئىچىدە تۇغۇلغان مەسىلىلەرگە نەق جاۋاب بېرىش ۋەزىپىسىنى ئارتقىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي ماركسىزم-لېنىنىزمچى بولغان كىشى ماركسىزم-لېنىنىزمنى ھازىرقى ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ تونۇشى، داۋاملاشتۇرۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 599-بەت) يېڭى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت يېڭى ئۇلۇغ نەزەرىيىگە موھتاج. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان ۋە ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەم باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ گۈللىنىش-خارابلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇپ بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سەپدىشى، ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر تەرەپتىن، پۈتۈن پارتىيىگە باشلامچىلىق قىلىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى يېڭىباشتىن تۇرغۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى ۋە پۇرسىتىنى

سەزگۈرلۈك بىلەن تۇتۇپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ستراتېگىيىلىك يۆتكەشتىن ئىبارەت زور تەدبىرنى كەسكىن بەلگىلەپ چىقتى، غايەت زور سىياسىي جاسارەت ۋە نەزەرىيىۋى جاسارەت بىلەن بىر قاتار يېڭى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى، مەسىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېيىلگەن نۇقتىئىنەزەر، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىسلاھات ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تولۇقلىشى لازىم دېيىلگەن نۇقتىئىنەزەر، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش لازىم دېيىلگەن نۇقتىئىنەزەر، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ دېيىلگەن نۇقتىئىنەزەر قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ماركسىزم نەزەرىيىسىنى بۈگۈنكى جۇڭگودا يېڭى بىر باسقۇچقا، يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى پارتىيىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە تەغدىرىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىنى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن يەنىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ: بۇ نەزەرىيە ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى“ دەپ كۆرسەتتى. بۇ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەغدىرى ئۈچۈن، ھەتتا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە تەغدىرى ئۈچۈن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغان 18 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە يۈكسەلمەكتە ۋە گۈللەپ راۋاجلانماقتا. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، خەلقئارا تەسىرىمىز بارغانسېرى چوڭايماقتا. سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى يېڭى قىياپىتى ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە تارىخىي سېلىشتۇرما ۋە خەلقئارا كۆزىتىشتىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى تونۇتتى. شۇڭا بۇ، نەزەرىيىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بەلگىلەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقەررەر تارىخىي تاللانمىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”مەسلەك خۇددى بىر بايراققا ئوخشايدۇ، بايراق تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلايدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. پارتىيىمىز ”ئىككى قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب“قا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ”ئىككى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش“نى ئىشقا

ئاشۇرۇپ، «ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت» ھاسىل قىلدى، ئۇ بولسىمۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدۇر. پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆز بايرىقىغا تەنتەنىلىك بىلەن يېزىپ قويدى، بۇ، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇشىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىسىدا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ سەپىردە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرساق ۋە بىرلىككە كەلتۈرسەك، «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنىلاب»نىڭ يېڭى غەلىبىسىنى جەزمەن قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنىمىز.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. ھەرقانداق مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مەنىۋى تۈۋرۈك بولمىسا بولمايدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇش كېرەك. ھازىرقى جۇڭگودا يولداش دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئەنە شۇنداق مەنىۋى تۈۋرۈكتۇر. بۇ نەزەرىيە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى كەڭ مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ماختىشىغا ئېگە بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە كوممۇنىزمچى. ئۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ، مىللەتلەرنىڭ غۇرۇرىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشچانلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، «دۆلەت ھوقۇقى»نى، «دۆلەت شەنى»نى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، ئابرويى، بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم؛ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش لازىم؛ بىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىجادىي يوسۇندا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈردى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، جۇڭگونى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق غايىسى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرغاندىلا، ئاندىن مىللەتنىڭ مۇستەقىللىكىنى ۋە ئابرويىنى

قوغدىغىلى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە باي-كۈچلۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، خەلقنى گۈزەل، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان مەنىۋى رىشتە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى مىللەتنى گۈللەندۈ-رۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان غايەت زور مەنىۋى كۈچتۇر.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشىمىز، خەلقنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولۇش سىياسىي جەھەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەيلى پارتىيە ياكى شەخس بولسۇن، توغرا نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغاندا، "يۆلەنچۈكى" بولمىغاندا مۈرەككەپ، ئۆزگىرىشچان مۇھىت ۋە ھەر خىل سىناقلار ئالدىدا ئۇگايلا نىشاندىن ئېزىپ قېلىپ، خاتا ئىش قىلىپ قويىدۇ. پارتىيىمىز پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيىنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئەلۋەتتە، مەيلى چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، ياكى كەڭلىك جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن نۇقتىلىق كۈچەيتىش كېرەك: بىرىنچىدىن، پۈتكۈل كادىرلارنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلەش ۋە قوراللاندۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، كەڭ ئاممىنى، بولۇپمۇ كەڭ ياشلارنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلەش ۋە قوراللاندۇرۇش. مۇشۇ ئىككى تەرەپ چىڭ تۇتۇلغاندىلا، بىزنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىمىزدە چوڭ يۈكسىلىش بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەرىكىتى يېتەكلەش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە بولۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارنى يېتەكلىشى، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش جەھەتتە بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنى شانلىق ئۈلگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك غايە-ئېتىقادنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى ئاڭلىق قوغدىشى كېرەك. ئىدىيە-نەزەرىيە سېپىدىكى بارلىق يولداشلار

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن لايىھەلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش"تىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىشى كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. نەزەرىيە ئامما تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان ھامان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. بىز ھەم دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە تىرىشىپ ئىگەللىۋېلىشىمىز، ھەم نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە قاتتىق كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بەزى چوڭقۇر قاتلاملاردىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىپ چىقىۋاتىدۇ. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىكى ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى مەسىلىسى، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنىڭ دېگەندەك كۈچلۈك بولماسلىقى مەسىلىسى، جايلارنىڭ پەرقى ۋە قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىش مەسىلىسى، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلەلەر، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىش-قىلىنماسلىقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشىمىز، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئۈلگە قىلىپ، ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ئاممىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىجادىيەتلىرىنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇشىمىز، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىنى ھەر ۋاقىت نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇشىمىز، مەسىلىلەرنى ئويلىنىش، سىياسەت بەلگىلەشتە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەرىكەتتە كەسكىن

بولۇپ، رەھبەرلىك ئۇستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلىشىمىز، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، خالىس تۆھپە يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى چوقۇم يېڭى ئەمەلىيەت داۋامىدا، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا داۋاملىق بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىز بىلەن ۋىدالاشتى، ئۇ ئىجاد قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مەڭگۈ ئۆچمەس ماياكقا ئوخشاش بىزنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدۇ. بىز ئۇنىڭغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرۈشتە، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىشتا، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى پايدىلىق شارائىتنى چىڭ تۇتۇپ، شياڭگاڭنىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىشى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈكنى ئىگىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپىرىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى چوقۇم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيمىز، مەملىكىتىمىزنى چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز ھەم ئىقتىدارىمىز بار.

**كامىلجان تۇرسۇن**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**

**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى

**جياڭ چۈنيۈن**

مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا ئىككى يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى ياخشىلاندى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىكىنى يەنە داۋاملىق كۈچەيتىش زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ بۇ—پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان رېئال ۋە ھەل قىلىش شەرت بولغان يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسى. مەركەز، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېزا ئىگىلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئۇزاقچە چىڭ تۇرۇش شەرت بولغان فاڭجېنىمىز، دەپ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىنغان چاغدا مۇشۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش كېرەك، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتى قانچە ياخشى بولسا، كاللىمىزنى شۇنچە سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم، كۈنىمىز ياخشى بولۇشى بىلەنلا تونۇشىمىز چېكىنىپ كەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يولداش لى پېڭ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلىرىمىز چوقۇم يېزا ئىگىلىك ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، بولۇپمۇ مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## 1. يېزا ئىگىلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سېلىنمىنى

## داۋاملىق كۆپەيتىش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسى.

مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ—ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر. ئېلىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىشتا ھەرقاچان مۇنداق ئىككى ئاساسىي ئامىلغا ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم: بىرى، نوپۇسىمىز كۆپ، يېرىمىز ئاز، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە بېسىم چوڭ بولۇشتەك ئاساسىي ئەھۋالىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ يەنە بىرى، يېزا ئىگىلىكىمىزنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش، ”خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جان بېقىش“تەك ئەھۋالىنىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس. يېقىنقى ئىككى يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك چەكلەش ئامىللىرى ئازايغىنى يوق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ”ئىككى يىلدا مول ھوسۇل ئېلىش، ئىككى يىلدا كەم ھوسۇل ئېلىش، بىر يىلدا ئادەتتىكىچە ھوسۇل ئېلىش“تەك يىللىق دەۋرىيلىكى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە ئاجىز بولۇش ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، يېزا ئىگىلىكى ھېلىمۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاجىز ھالقىسى بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ ئاشلىق مەسىلىسىدە، بىز قارىغۇلارچە ئۈمىدۋار بولۇپ كەتسەك تېخىمۇ بولمايدۇ. كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئېلىمىزدە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بىر قەدەر قىس بولىدۇ. ھازىر ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئېشىشى، بەزى تۈرلىرىدە باھا چۈشۈش، بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ ئاشلىق مەسىلىسىدە ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىزدىن، تەمىنلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بۇ ئاساسەن تۇزۇلمىنىڭ ئىزىغا چۈشمىگەنلىكى، ئوبوروتنىڭ راۋان بولماسلىقى، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان قىسمەن دائىرىلىك، ۋاقىتلىق مەسىلىدۇر. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھەرقاچان ئىقتىسادىي خىزمىتىمىزدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ دېگەن پىكىر ھەم تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۇنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە كۆرۈلگەن داۋالغۇشلار ئوخشاش بولمىغان تارىخىي سەۋەبلەردىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىككە سەل قارالغانلىقى ۋە يېزا ئىگىلىكى بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىدا ئالتە قېتىم يۇقىرى دولقۇن بولغان. ھەر قېتىملىق دولقۇندىن كېيىن

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يا ئۈزۈن، يا قىسقا مۇددەتلىك تىگىرقاش مەزگىلى، تۆۋەن چۆشۈش مەزگىلى بولغان. چوڭراق داۋالغۇش ئىككى قېتىم بولغان، بىر قېتىملىقى 1958-يىلى بولغان، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا بىرنەچچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، كاللا قىزىپ كېتىپ، ''بەش شامال'' چىقىرىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەت بولدى، بۇ ھال دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا قاتتىق زەربە بەردى، نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە كېمىيىپ كەتتى، شۇ ۋەجىدىن خەلق ئىگىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە تەڭشەشكە مەجبۇر بولدۇق، بىرمۇنچە يىللارغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدۇق. يەنە بىر قېتىملىقى 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئۇدا بىرقانچە يىل تېز ئاشقان ئەھۋالدا بىز ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋەزىيىتىنى تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۆلچەرلەپ، يېزا ئىگىلىككە بولغان بەزى ئېتىبار بېرىش، يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى ھەمدە ئۇدا بىرنەچچە يىل بىر ئىزدا توختاپ قالدى، بۇ ھال خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىغا يامان تەسىر يەتكۈزدى. يېقىنقى ئىككى يىلدا يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، بۇ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى جەھەتتىكى 7-قېتىملىق دولقۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېڭى ئېشىش دولقۇنىدىن كېيىن توختاپ قېلىش، چېكىنىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ قايتىدىن سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش-ساقلىنالماسلىق —ناھايىتى رېئال، چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش-قىلالماسلىق بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىغا رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىمىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق ناھايىتى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە سىناق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلە ئوبدان ھەل قىلىنسا، يېزا ئىگىلىكى ۋە پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە پايدىسىز بولىدۇ. بىز چوقۇم تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، مول ھوسۇل ئېلىش—تۆۋەنلەپ كېتىش—تەڭشەش—قايتا ئېشىش-تىن ئىبارەت غەلىتە ئايلانمىدىن چىقىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكى ئىزچىل، مۇقىم يۇكسىلىپ بارىدىغان ياخشى ئايلىنىش يولىغا قەدەم قويۇشىمىز لازىم.

راسا مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن چوڭ داۋالغۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىقتىسادنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى ئەمەس. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى نەچچە ئون يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش ئىقتىدارى ئېنىقكى ئاشتى؛ ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق، ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماددىي-تېخنىكىۋى شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تامامەن ئىشەنچىمىز ۋە چارىمىز بار. بەزى جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت ئىدىيىدە چېكىنىپ كەتمىسەك، رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويمىساق، سىياسەتنى ئۆزگەرتمىسەك، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەكلا، يېزا

ئىگىلىكى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. بىز چوقۇم تىرىشىپ مۇنۇ تەلەپلەرنى ئورۇندىشىمىز لازىم: ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئىزچىل تۇردە يېزا ئىگىلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك، يېزا ئىگىلىكى-گە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشتە تەۋرەنمەسلىك، يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەيدىغان سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تەۋرەنمەسلىك، ھەر كەسىپ-ھەر ساھە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتە تەۋرەنمەسلىك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شائىتىنى ياخشىلاشتا تەۋرەنمەسلىك، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتە تەۋرەنمەسلىك. بۇ يەتتە "تەۋرەنمەسلىك"نى ئىشقا ئاشۇرساقلا، يېزا ئىگىلىكى بىر تۇرۇپ راسا يۈكسىلىپ كېتىدىغان، بىر تۇرۇپ راسا چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئىزچىل، مۇقىم راۋاجلاندۇرالايمىز.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈلنى كۈچەيتىشتە، سېلىنمىنى كۆپەيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز يېزا ئىگىلىكىگە ئېغىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پىلاندىكى مەبلەغ، مالىيە مەبلىغى ۋە كرېدىت مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. مەركەزنىڭ يىغىدىن قوشقان خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان قىسمى يەنىلا يېرىمدىن كۆپ بولۇشى لازىم. مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم قىلىدىغان مەبلىغى داۋاملىق مالىيىنىڭ دائىملىق كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن يۇقىرى نىسبەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. يىغىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولماسلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، يېزا كرېدىت كوپىراتىپلىرى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلىرىغا بېرىدىغان قەرز پۇلنىڭ نىسبىتىنى كۆپەيتىش لازىم. يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنما سېلىش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغنى يېزا ئىگىلىكىگە جەلپ قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى فوندى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى ۋە ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنى تولۇقلاش فوندىنى بەرپا قىلىش ۋە كېڭەيتىش؛ كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق ۋە بىرلىشىشكە ئىلھام بېرىپ، ئىجتىمائىي مەبلەغنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرىدىغان تىجارەت تۈرلىرىگە توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەلنىڭ قەرز پۇلىنى ۋە چەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى پائال جەلپ قىلىش كېرەك.

## 2. زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى راۋان بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ

# مۇقىم تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى.

نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكى دۇچ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋەتكىلى بولامدۇ-يوق ۋە ئۇنى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋەتكىلى بولامدۇ-يوق، دېگەندىن ئىبارەت. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، بولۇپمۇ ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلار ساتماقچى بولغان ئارتۇق ئاشلىقنى چوقۇم سېتىۋېلىپ، بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغان ئاساستا دارامىتىنى ئاشۇرۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئاشلىق ئەرزان بولۇپ كېتىپ، دېھقانلار زىيان تارتىدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئېنىق تەلەپ قويدى. ھازىر، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەكلا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى راۋان بولماسلىق مەسىلىسىنى تامامەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا كۆرۈلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى راۋان بولماسلىق مەسىلىسى ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈچ ماسلىشالماسلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئۈچ ماسلىشالماسلىقنىڭ بىرىنچىسى، ئوبوروت تۈزۈلمىسى ماسلىشالماسلىق. يېزىلاردا بازار سىستېمىسى دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى تېخى شەكىللەنمىدى. بىرمۇنچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر-بىرىدىن ئايرىلىش، رايونلار بۆلۈنمىسى مەۋجۇت بولۇش سەۋەبىدىن راۋان بولمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبوروت ھالقىسى كۆپ بولۇش، ئوبوروت خىراجىتى يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇت. ئوبوروت ساھەسىدە ئاساسىي مۇئەسسەسە ئاجىز، كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىشنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارى ناچار. ئىككىنچىسى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىدىكى ماسلىشالماسلىق. ئۇزاقتىن بۇيان، يېزا كادىرلىرى ۋە دېھقانلار بازارغا ئەھمىيەت بەرمەي، ئىشلەپچىقىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قارىغۇلارچە ئىش قىلىپ كەلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپەيگەن چاغدا، ئۇلار كۆپىنچە بازاردىن ئامال ئىزدىمەي، ھۆكۈمەتتىن ئامال ئىزدەيدۇ. ئۈچىنچىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش-ئۆزگەرتىش ماسلىشالماسلىق. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، بولۇپمۇ چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى زور. بۇ ھال يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، بەلكى بازاردا سېتىش ۋە ساقلاشقىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، ئوبوروت

تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بىرلىككە كەلگەن بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم؛ دېھقانلارنى بازارغا يۈزلىنىشكە ۋە بازارغا كىرىشكە يېتەكلەپ ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بازارنىڭمۇ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش لازىم؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۇقىرى قوشۇمچە قىممەت بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش لازىم. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىناتى بىر قەدەر مول، باھاسى بىر قەدەر مۇقىم بولۇشتەك پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا قەتئىي بەل باغلاش كېرەك.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدا ئومۇمىي ئوي-پىكرىمىز مۇنداق: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلپىگە بىنائەن، بازارغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، بازارنى ئاساس قىلغان ھالدا باھانى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى تىكلەپ، كۆپ يوللۇق، ئاز ھالقىلىق، ئوچۇق تىجارەتنى يولغا قويۇش. 1997-يىلى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك. مەركەز بۇ ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئېنىق بەلگىلىدى، ئۇ بولسىمۇ ”تۆتنى ئايرىۋېتىش ۋە بىرنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈش“نى يولغا قويۇش، يەنى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، زاپاس ساقلاش بىلەن تىجارەت قىلىشنى ئايرىۋېتىش، مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىۋېتىش، يېڭى-كونا زىياننى ئايرىۋېتىش، ئاشلىقنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن بازار باھاسىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت. قوغداش باھاسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، بازاردا ئاشلىق باھاسى بەكرەك چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئاشلىق سېتىش تەس بولغان چاغلاردا، دۆلەت قوغداش باھاسى بويىچە چەك قويماي تولۇق سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق سېتىش باھاسى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا قويۇۋېتىلىپ، شەھەردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا، قىسملارغا، ئالاھىدە قىيىنچىلىقتا قالغان يېزا رايونلىرىدىكى ئائىلىلەرگە ئۇزۇق-تۈلۈك ئۈچۈن نىشانلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ. ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دۆلەت زاپاس ئاشلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئاشلىقنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش، ساقلاش، يۆتكەش، سېتىش ھالقىلىرىدىن تارتىپ ئادەمنى، مالىيىنى، ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇشقىچە تىك رەھبەرلىك يولغا قويۇلىدۇ. ئاشلىق تىجارەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ”بىرنى ئاساس، كۆپنى قوشۇمچە قىلغان“ كۆپ يوللۇق ئوبوروت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سىستېمىسى يەنىلا ئاشلىق ئوبوروتى ۋە تىجارىتىنىڭ ئاساسلىق يولى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى، جۈملىدىن دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزىلىق (بازار-

لىق)-كەنتلىك كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىمۇ تەستىقلاتقاندىن كېيىن بىۋاستە ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئاشلىققا ئېھتىياجلىق كارخانىلار بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق چىقىدىغان جايلاردىن ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدۇ. ئاشلىق سودا بازارلىرىنى يىلمۇيىل ئېچىپ تۇرۇش لازىم.

## 3. يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت ئىلغار ھەم يارامىلىق تېخنىكىلارنى پائال كېڭەيتىش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى.

يېزا ئىگىلىكىنى ئىزچىل يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ خىل ئامىللارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئامىللار ئىچىدە پەن-تېخنىكا يوشۇرۇپ كۈچى ئەڭ زور، ئەڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى يېتۈك تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىپ قوللىنىلىشىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. 1996-يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشتا، پەن-تېخنىكىنىڭ ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ سۈپەتلىك سورتلارنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش، شالنىڭ مايسىسىنى بىنەم يەردە ئۆستۇرۇش ۋە مايسا تاشلاپ تىكىش، كۆممە قوناقنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن يېپىش، بۇغداي تېرىشتا خىل ئۇرۇق مىقدارىنى لايىقدا قىلىش ۋە يېرىم لايىقدا قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلار ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن پەن-تېخنىكىنىڭ خېلى زور بىر قىسىم يوشۇرۇن كۈچى تېخى ئىشقا سېلىنمىدى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىدە پەن-تېخنىكىنىڭ قوشقان تۆھپىسىنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 30% تۆۋەن تۇرماقتا. يېزا ئىگىلىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى پەن-تېخنىكىدا، ئىستىقبالىمۇ پەن-تېخنىكىغا باغلىق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېتۈك يارامىلىق تېخنىكىلارنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى چىڭ تۇتۇلسا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتنى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۇرۇش، يۈكسىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىشكىمۇ ياردىمى بولىدۇ. پەن-تېخنىكىنى چوقۇم ھەقىقىي تۈردە بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەپ بىلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى سۈپىتىدە تۇتۇشىمىز كېرەك.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى تۇتۇشتا، بىرىنچىدىن، بەزى جايلارنىڭ يېزا

ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىستېمىسىدا كۆرۈلگەن ”تور بۇزۇلۇش، لىنىيە ئۈزۈلۈش، ئادەم تارقىلىش“ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردا، جايلار مەركەزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ساھەلىرىنىڭ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتلىرىدا ”ئۈچنى بېكىتىش“نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە بىر قەدەر زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن ئىش خىراجىتى يېتىشمەسلىك، قوشۇن مۇقىم بولماسلىق ئەھۋالىدا تېخى تۈپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بىز يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ ”ئۈچنى بېكىتىش“ تەدبىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، پەن-تېخنىكا خادىملىرى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا ئۆز ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرسۇن ئۈچۈن، بىز پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى تېخىمۇ كۆپلىگەن يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، ئېتىزلارغا بېرىپ، تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىشقا، ئۈلگىلىك ئېتىز بەرپا قىلىشقا، تېخنىكا ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشقا سەپەرۋەر قىلىشىمىز، ئۇيۇشتۇرۇشىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلارغا قارىتىلغان ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ”يېشىل گۇۋاھنامە“ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى نۇقتىلىق ئوبيېكت قىلىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، پەن-تېخنىكا تايانچ كۈچلىرىنى تەربىيىلەش لازىم. دېھقانلار كەچلىك تېخنىكا مەكتەپلىرىنى، يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتەپلىرىنى ۋە ھەر خىل كۇرسلارنى ئوبدان ئېچىپ، پەن-تېخنىكا ئۈلگىلىك ئائىلىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، زور كۆلەملىك رايونلاشتۇرۇلغان تېرىقچىلىقنى، قېلىپلاشتۇرۇلغان يېتىشتۈرۈش تەدبىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. 1996-يىلى جىلىن ئۆلكىسىدە كۆممە قوناق تېرىشتا ”مول ھوسۇللۇق چاسا ئېتىز“ پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈرلۈك تېخنىكىلار يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك سورت بىلەن ياخشى ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلۈپ، رەھبەرلىكنىڭ بىۋاسىتە تۇتۇشى ئارقىسىدا، ئون نەچچە مىليون مو يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىز بەرپا قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار پەن-تېخنىكا ئىگىنى كۈچەيتىشى، بىرىنچى قول باشلىقنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تۇتۇشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتا پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى تۇتمىغانلىق ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمىگەنلىك، ئىشنى دەل جايىدا تۇتمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزا خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان يولداشلار، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزىلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ھەممىسى باشلامچىلىق بىلەن مائارىپنى تۇتۇشى، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى

ئاز-تولا ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكىگە بولغان قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشى لازىم. يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئايىماي كۆپەيتىش، مەبلەغ قانچە قىس بولسا شۇنچە جايىغا ئىشلىتىش، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك.

## 4. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى.

مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇش يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىدىكى ئىككى چوڭ ۋەزىپىدۇر. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە باش قاتۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش بولدى، لېكىن قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئىچىدە، بىرىنچى كەسىپتىن كىرگەن كىرىم 63% نى ئىگىلەيدۇ، بىرىنچى كەسىپتىن كىرگەن كىرىم ئىچىدە، تېرىقچىلىقتىن كىرگەن قىسمى يەنە 78% نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردا بولسا بىرىنچى كەسىپ ۋە تېرىقچىلىقتىن كىرگەن كىرىمنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ زور. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىرىنچى كەسىپ بولۇپمۇ تېرىقچىلىق ھېلىمۇ دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ چۈشەندۈرىدۇكى، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېخى بەكلا يېتەرسىز، دېھقانلارنىڭ بۇ جەھەتلەردىن تاپقان كىرىمى تېخى بىر قەدەر ئاز. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ سەرخىللاشتۇرۇشتا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم، ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا، تەمىنات بىلەن تەلەپنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى، دادىل راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئاشلىق ئاساس قىلىنغان تېرىقچىلىقنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاشلىق ئېتىزنىڭ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر

كۆلىمىنى كېمەيتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بەلكى مۇمكىنقەدەر كېڭەيتىش لازىم. كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا تاغدىن، ساھىلدىن، ھويلىدىن پايدىلىنىش كېرەككى، ئاشلىق ئېتىزىنى ئىگىلەپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، كۆلچەك كولاپ بېلىق بېقىش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىش ئۈچۈن ئاشلىق ئېتىزىنى ئىگىلەپ كېتىدىغان يولغا ئىككىنچى ماڭماسلىق كېرەك. قۇر ئارىلاپ تېرىشنى تەشەببۇس قىلىش، ستېرېئولۇق تېرىشنى يولغا قويۇش، قىشتا شۇدىگەر قىلىنغان ئېتىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېگىز تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچىنى كېڭەيتىش، شۇ ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى، مەھسۇلات ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئاشلىقنىڭ تۇر قۇرۇلمىسىنمۇ تەڭشەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، قۇرۇلما خاراكتېرلىك قىسچىلىق بىلەن قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئوشۇقچىلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان، نىسبەتەن قىس بولۇۋاتقان تۈرلەرنى، مەسىلەن سۈپەتلىك شال، بۇغداي تېرىش كۆلىمىنى لايىقىدا كېڭەيتىش كېرەك. كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمىنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئېلىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنىۋېرسال تەرەققىياتى زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم يۈكسىلىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. تەرەققىياتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىياتقا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، تۆۋەن، ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى زور كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىپ، تاغ، سۇ، ئېتىز، ئورمان ۋە يولنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش، چوڭ تىپتىكى 20 تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە شىنجاڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تەمىناتىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش لازىم.

غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى دادىل راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان 2 مىليارد مو قاقاس تاغ-دۆڭ، ئېچىشقا بولىدىغان 1 مىليارد مو قۇملۇق بوز يەر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 4 مىليارد 700 مىليون مو ئوتلاق، چۆپلۈك، 260 مىليون مو ئىچكى قۇرۇقلۇق سۇ يۈزى، 180 مىليون مو تېيىز دېڭىز رايونى بار. بۇ بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلانساق، زور مىقداردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە خېلى زور مىقداردىكى كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تاغلىق رايونلارنى ئۈنىۋېرسال ئېچىش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئورمانچىلىق، مېۋىچىلىك ۋە چارۋىچىلىقنى يېتەكچى كەسىپ سۈپىتىدە تۇتۇش لازىم. بەزى تاغلىق رايونلاردىكى دېھقانلار ئورمان بىنا قىلىش، مېۋىلىك دەرەخ تىكىش، چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش يولى بىلەن بېيىپ، تاغلارنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش تەجرىبىسىنى ياراتتى، بۇنى خۇلاسىلەپ كېڭەيتىش كېرەك. قىممىتى يۇقىرى بولغان داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە، يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يېزا-بازار كارخانىلىرى ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە ئېتىبار بېرىپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى لازىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان، يېزا-بازار كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن كۆپ سانلىق كارخانىلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، ئۇلار بازار رىقابىتىدە بىرمۇنچە مۇسابىقىگە دۇچ كەلمەكتە. يېزا-بازار كارخانىلىرى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مېخانىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلىشى ۋە ئاشۇرۇشى؛ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى؛ كۈچ سەرپ قىلىپ قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، بازارنى ئېچىپ، سۈپەتنى، دەرىجىنى، كۆلەمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى؛ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، لايىقىدا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم.

يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تەلىپى ساناەتكىمۇ، يېزا ئىگىلىكىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش؛ تۆۋەن، ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، يەردىن مەھسۇلات ئېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش؛ غەيرىي تېرىلغۇ يەر بايلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق، بايلىقتىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش؛ داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش؛ دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق، يېڭى مەھسۇلات يارىتىپ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

## 5. يېزا ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە قوغداش لازىم. يېزىلاردىكى ئاساسلىق ئىگىلىك

باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى ئاساسلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىدۇر. بۇ ئاساسلىق تۈزۈمنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسىدۇر. رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، "مۇقىملاشتۇرۇش" ئۈچۈنمۇ، "مۇكەممەللەشتۈرۈش" ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇقىملاشتۇرۇش دېگىنىمىز، ئاساسلىقى يەرنى ھۆددىگە بېرىش-ھۆددىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يەرنىڭ پات-پات تەڭشىلىپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش، دېھقانلارنى خاتىرجەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەركەز يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى 30 يىلغىچە ئۇزارتىشنى، ئۆزلەشتۈرۈلگەن "تۆت خىل قاقاس يەر"نى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇزارتىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى، بۇ بىر چوڭ سىياسەت بولۇپ، ئۇنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. ھازىر بۇ سىياسەت نۇرغۇن جايلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى نۆۋەتلىك يەرنى ھۆددىگە ئېلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان كەنت-گۇرۇپپىلار تەخمىنەن %55 نى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، يەرنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنى 30 يىلغىچە ئۇزارتقانلىرى %20 كىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ مەسىلىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. "ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھۆددىگە ئېلىش ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلىتىش ھوقۇقىنى جانلاندۇرۇش" پرىنسىپى بويىچە، يەر ئوبوروتى تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇپ، يەرنىڭ يەر تېرىش ماھىرلىرىنىڭ، كەسپىي مەيدان، ئەترەتلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشىگە ئىلھام بېرىپ، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يەرنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دېھقانلارنىڭ رايىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ھەرگىزمۇ زورمۇزور يولغا قويۇشقا بولمايدۇ. "مۇكەممەللەشتۈرۈش" دېگىنىمىز، ئاساسلىقى كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر، قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، ئاساسلىقى كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتلىمى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. كوللېكتىپنىڭ مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىشنى كۈنتەرتىپكە قويۇشى لازىم. كوللېكتىپ مۈلكىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كوللېكتىپنىڭ تاپاۋىتىنى ئاشۇرۇش؛ مۈلۈكنى ئېنىقلاش-مەبلەغنى بېكىتىش ئىشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ ئۆز جايىدىكى بايلىقنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىنى قۇرۇپ، كۆپ

يوللار بىلەن كوللېكتىپنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭى يول، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىزدەپ تېپىش كېرەك، ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇۋاتقان مۈلۈكلەرنى يېغىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بەزى جايلار كوللېكتىپنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى، يەر-مەيدانلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى، سۇغىرىش-سۇ چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن پايغا كىرىش ياكى ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، كوللېكتىپ مۈلكىگە جان كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. بۇ ئۇسۇل تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئاساسىدىكى سانائەتلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى سانائەتلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ كەڭ دېھقانلارنىڭ يېزا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىدە ياراتقان ئىجادىيىتىدۇر. بۇ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى سودا، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئورگانىك ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ؛ مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆزگىرىپ تۇرغان چوڭ بازار بىلەن باغلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ؛ باشلامچى كارخانىلار ئارقىلىق زامانىۋى تېخنىكا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى يېزا ئىگىلىكىگە ئېلىپ كىرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ ئائىلە بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئەنئەنىۋى، تارقاق بولغان ئايرىم-ئايرىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى كەسىپلەر زەنجىرى ۋە كەسىپلەر گۇرۇپپىسى قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، كۆلەملىك ئىگىلىك ۋە كۆلەملىك ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىدۇ. سانائەتلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش جەھەتتە، جايلار نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۇنىڭ ئاچقۇچى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنى باشلاپ ماڭالايدىغان باشلامچى كارخانىلارنى توغرا تاللاش ۋە ياخشى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. بىر قەدەر زور ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە مۇلازىمەت ۋاستىسى بار باشلامچى كارخانا بولغاندىلا، ئاندىن بازىنى يېتەكلەپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى ئالاقىلەشتۈرۈپ، كۆلەمنى كېڭەيتىپ، بازارنى ئاچقىلى بولىدۇ. باشلامچى كارخانىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. دېھقانلارنىڭ پاي ھەمكارلىقى شەكلىنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش؛ تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەلىرىگە كېڭىيىشىگە مەدەت بېرىش؛ دۆلەت سودا-سانائەت كارخانىلىرى ۋە چەتنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ يېزا

ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان باشلامچى كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىش كېرەك. باشلامچى كارخانا بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى ئارىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، كارخانا بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك. باشلامچى كارخانا دېھقانلار بىلەن مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ باغلىنىپ، كۆپرەك مەنپەئەتنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى سانائەتلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئالغا سۈرۈشتە، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا تەدبىر كۆرۈپ، تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم.

ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت، جۈملىدىن ئۇچۇر، پەن-تېخنىكا، ئىلىم-سېتىم، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش-توشۇش، كرېدىت، سۇغۇرتا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەت ئىنتايىن زۆرۈر. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى، مەھەللىۋى، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىلەن كەسپلەشكەن، سىستېمىلاشقان مۇلازىمەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردا نۇرغۇن جايلاردا كۆپ خىل شەكىلدىكى مۇلازىمەت كوپېراتىپلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى ئىختىيارىي قاتنىشىش، ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىكى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىكلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكارلىق خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنى ھەقىقىي تۈردە دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلاتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكىگە خىزمەت قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. يەر-مەيدان، ماددىي ئەشيا، ماركېتنىڭ يوللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى پاي قوشۇشقا جەلپ قىلىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي كوپېراتىپلارنى ئۆز يولى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەمكارلىق ئىگىلىكى بولۇش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭ مۈلكىنى دۆلەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، شەخسلەرگە ھەقسىزلا بۆلۈپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. يېزىلاردىكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق ھەقىقىي تۈردە دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

يېزا ئىسلاھاتى يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ يەنىلا ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، پائال ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، دېھانلار

ئامىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا ياراتقان يېڭى شەيئى ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى بايقاش ۋە يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭغا تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدەت بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

يېزا ئىگىلىكىنى ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە زورۇر بولغان مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ۋە ئادەم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىتتىز-ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، دېھقانلارنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. ھازىر دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكىلى بولمايۋاتىدۇ، خىزمەت سەللا بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا، يۈك يەنە ئېغىرلاپ كېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىك، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، بەزى جايلار ۋە تارماقلار پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنىگە خىلاپلىق قىلىپ، خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلماستىن، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن تولىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ، ئەمەلىي مۇمكىنچىلىكنى نەزەرگە ئالماي، ئاتالمىش "سىياسىي نەتىجە"نىلا قوغلىشىدۇ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ۋە دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئاشۇرۇپ ئىش قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە ۋە ئاممىۋى لۇشيەنىگە خىلاپلىق قىلىپ، يۇقىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئاممىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي ھەم قوپال، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن: دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ياكى ئېغىرلىتىش مەسىلىسى ھەرگىزمۇ قانچىلىك پۇلنى كەم ئېلىش ياكى ئارتۇق ئېلىش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ياكى ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزۈش مەسىلىسى، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسۇش مەسىلىسى، ئاممىنىڭ ئىشەنچ ۋە ھىمايىسىنى كۈچەيتىش ياكى يوقىتىپ قويۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. بىز ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ مەسىلىگە چوڭقۇر پارتىيىنىڭ دېھقانلارغا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارىشىمىز لازىم. دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىدىغان ئاتالمىش ئاساس، باھانىنىڭ ھەرقانداقى خاتا، بۇنداق ئاساس، باھانىلەرنى كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

يېزا ئىگىلىكىنى ئىزچىل، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى يېزىلاردا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىسىنىڭ 900 مىليونى يېزىدا. يېزىلار مەدەنىيەتلىك بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يېزا ئىقتىسادى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرىمىز دېسەك، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش، ھەر ئىككىسىنى چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. دېھقانلار ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ،

پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئائىت بىلىملەرنى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى تارقىتىپ، ساغلام، كىشىنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان ئىدىيە، مەدەنىيەت ئارقىلىق يېزا بازىسىنى ئىگىلىشىمىز لازىم. كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئوداللىق خۇراپاتلىققا، ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا، بىر يەرگە يىغىلىپ قىمار ئويناشقا قارشى تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساپلاشتۇرۇش؛ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلىتىپ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپخورلۇق قىلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم. تۈرلۈك مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى يېزا مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. يېزا سىملىق رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە كۈچەيتىش ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا-بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. يېزىلاردىكى سەھىيە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلارنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئەھۋالىنى ياخشىلاش لازىم. مەدەنىيەتنى، پەن-تېخنىكىنى ۋە سەھىيىنى يېزىغا ئېلىپ بېرىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، دېھقانلار ئاممىسى ياقتۇرىدىغان كىنو، تىياتىر ۋە كىتاب-ژۇرنال قاتارلىق مەدەنىي مەھسۇلاتلارنى يېزىلارغا ئاپىرىپ، دېھقانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالدىمىزدا شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە تۇرۇپتۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىمىز، لېكىن بىز ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە شەرت-شارائىتقا ئىگىمىز. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، 1997-يىلى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە كۆزلىگەن ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندىيالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز**

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىدا چىڭ تۇرايلى

ئىسمايىل ئەھمەد

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بار. ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن ۋەتەنپەر-ۋەرلىكتە تېخىمۇ چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ، بۇ—مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە، شۇنداقلا چوڭ پرىنسىپال مەسىلىدۇر.

## 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك—ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكى

ۋەتەنپەرۋەرلىك—ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر ۋە گۈزەل مۇھەببەت، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان بايراق، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكىدىن ئىبارەت. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈيۈشۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا توغرا تارىخ قارىشىنى تىكلەش كېرەك. جۇڭگو تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق قۇرۇپ چىققان. ھەرقايسى مىللەتلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدىن، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن، قايسى جايدا ئولتۇراقلىشىشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى شانلىق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ۋەتەننىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. دۆلىتىمىز چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن بۇيان، گەرچە توقۇنۇش، ھەتتا قىسقا ۋاقىتلىق پارچىلىنىش يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىناقلىقى باشتىن-ئاخىر تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. ئۈزلۈكسىز بىرلىككە كېلىپ

تۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئۆزئارا ئالاقىسى كۈندىن-كۈنگە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ۋە پارلاق مەدەنىيىتى ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرىنى تەربىيىلىدى، جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئايرىلماس يۇرتىدۇر. "ئاھ، ئانا ۋەتىنىم!"—مانا بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىدۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تارىخىدا، ھەرقايسى مىللەتلەردىن نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق شەخسلەر كېلىپ چىقتى، ۋەتەننى سۆيۈشكە ئائىت نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىشلار مەيدانغا كەلدى، بۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلىدى. يېقىنقى زاماندا، ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ئورتاق قارشى تۇرۇش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۈچلۈك دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، ئىسسىق قېنى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنىنى قوغدىدى. 18-ئەسىردە، شەرقىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقى چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى خەيلەنپاۋ ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىزاڭ خەلقى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى جياڭزى ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى، يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقى فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى ۋە باشقىلار. بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقى ھەققانىيەت يولىدا جاسارەت كۆرسىتىپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇشقا ئورتاق ئاتلاندى. شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇيزۇلار ئەترىتى، خەينەندىكى چۇڭيا ئەترىتى قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلغان ھەر مىللەت خەلقى جان-تېنى بىلەن يېگى سەددىچىن سېپىلى قۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى خەلق ئۇرۇشىنىڭ پايانسىز دېڭىزىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا يۈكسەك ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى، ۋەتەن يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان ئۇلۇغۋار روھىنى نامايان قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاب تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنىسى ئايانكى، ھەرقايسى مىللەتلەردىن پارتىيىنىڭ ئىشلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقماي، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان يۈكسەك ئىرادىلىك كىشىلەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆتكەن. بۇنداق شەرەپلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى قىممەتلىك روھىي بايلىقدۇر، ئۇنى مەڭگۈ قەدىرلىشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش كېرەك. جۇڭگونىڭ تارىخى، ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلىك ئورنىنى ھېچقانداق پارتىيە ئالالمايدۇ. پەقەت

كومپارتىيىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ساداقەتلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىپ، يورۇقلۇق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. سوتسىيالىزم يولى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق تارىخىي يوسۇندا تاللىۋالغان يولدۇر. كومپارتىيە بولمىسا، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگومۇ بولمايدۇ؛ كومپارتىيە بولمىسا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. دەل جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇڭا، ھازىرقى باسقۇچتا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش——مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان مەملىكىتىمىزنىڭ «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»دا بىزگە بىر گۈزەل پىلان سۈرەتلەپ بېرىلدى، مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن گۈزەل ئىستىقبال نامايان قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا باغلىق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ كەڭ سەھنىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى بالدۇرراق زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ھەر بىر پۇقرانىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى

ياخشى ئېلىپ بېرىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر شەرت مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مۇقىم ئىجتىمائىي
شارائىتنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلى-
غاندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، ئۇلۇغۋار ئىش
ئۈچۈن ھەممەيلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان ۋەزىيەتنى ياراتقىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان
بارلىق سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىق
ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. بەزىلەر: چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرغاندىن
كېيىن، شىنجاڭ ئاندىن جۇڭگونىڭ زېمىنى بولۇپ قالغان، دېيىشىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق،
تارىخنى بۇرمىلىغانلىق. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا غەربىي دىيار بىلەن ۋەتەننىڭ
باشقا رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بولغان. مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن مەركىزىي ھۆكۈمەت
غەربىي دىياردا تۇتۇق تەسىس قىلىپ، ئۇنى غەربىي خەن سۇلالىسىگە ۋەكالىتەن غەربىي دىيارنى باشقۇرىدى-
غان ئەڭ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن
كېيىن، 1884-يىلى غەربىي دىيارنى شىنجاڭ دەپ ئۆزگەرتكەن، ئۇنىڭ مەنىسى ”يېڭىدىن ئېچىلغان زېمىن“
بولماستىن، بەلكى ”قايتۇرۇۋېلىنغان كونا زېمىن“ دېگەندىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كېيىن
يەنە شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغان.

مىللىي تىل ۋە دىن ئالاھىدىلىكى دۆلەتنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل ئەمەس، ئۇنى بۆلگۈنچىلىك
قىلىش ۋە مۇستەقىللىك دەۋاسى قىلىشنىڭ باھانىسى ۋە ئاساسى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئوخشاشمىغان
مىللەتلەرنىڭ ئايرىلىشى ئوخشاشمىغان كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تىل، ئۆرپ-ئادەت،
مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە پەرق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك
بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى باھانە قىلىپ،
مۇستەقىللىك دەۋاسى قىلسا، ئۇنداقتا بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى
مۇمكىنمۇ؟ دۇنيادا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق مىللەت بار، لېكىن، دۆلەت ئاران يۈز نەچچە، دېمەك، دۆلەتلەرنىڭ
مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دېگەن گەپ. روشەنكى، مىللىي ئالاھىدىلىكنى مۇستەقىللىك
دەۋاسى قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىش بىمەنىلىكتۇر.

دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى-
نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئۇلار ئېيتقۇسىز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي كەيپىياتنى قوزغاپ،
دىنىي بايراقتىن پايدىلىنىدۇ، ئۇلار دائىم ”غازات“نى ئۆزىگە شوئار قىلىدۇ. بىز شۇنداق دەپ سوراشقا
ھەقلىقمىزكى، ھازىرقى ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، شۇنداق تۇرۇغ-

لىۋق، ”غازات“ قىلغۇچىلار كىمگە جەڭ ئاچماقچى؟ كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى؟ ئېچىپ ئېيتقاندا، ”غازات“نىڭ مەقسىتى دىنىي نىقاب قىلىپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرۇش ياكى دىنىي كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىشىشنى پەيدا قىلىپ، ۋەقە چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچە-لىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھېلىمۇ مەۋجۇت. بۇ كىشىلەر خەلقنىڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ چۈپرەندىلىرى، تارىخنىڭ جىنايەتچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ، تارىخ ئېقىمىغا خىلاپ بولغاچقا، ئەلۋەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ، ئەلۋەتتە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلارنىڭ مىللەتنى پارچىلاش، دۆلەتنى پارچىلاش پائالىيەتلىرى يېڭى ئىش ئەمەس، بۇنداق ئىشلارنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا بەزى كىشىلەر جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قىلىپ باققان، نەتىجىدە مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن. ھازىر يەنە بىر قىسىم كىشىلەر چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەتنى پارچىلايدىغان جىنايى قىلمىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كىشىلەر تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، خالاس.

### 2. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەت مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى-نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك

بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىگىلەپ، توغرا مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. مىللەت قارىشى—كىشىلەرنىڭ مىللەتلەر ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىگە بولغان تۈپ قارىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى ئىنكاسى. مەلۇم بىر سىنىپ ۋە پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەت قارىشى ئۇنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي نەزەرىيىسى، پروگراممىسى، پرىنسىپلىرى ۋە سىياسەتلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مىللەت-نىڭ نېمىلىكىنى، مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشىنى، مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ:

بىرىنچىدىن، مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

مىللەت دۆلەتكە بېقىنىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسىدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەت پەقەت بىر كونكرېت دۆلەتتە ياشىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىيالايدۇ، تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. دۆلەت ــ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى زۆرۈر شەرت. دۆلەت بىرلىككە كەلگەن ھەم قۇدرەت تاپقاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە شەخسلەرنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن بولىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى يېڭى جۇڭگودا، مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ماھىيەت جەھەتتىن بىردەك، مىللەتنى سۆيمىز دېسەك، ئالدى بىلەن دۆلەتنى سۆيۈشىمىز كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولۇش ئاساسىدا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ تېخىمۇ تېزرەك ئالغا بېسىپ گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ۋە ئىززەت-ئابرويلۇق بولۇشىنى خالايدۇ ۋەھاكازا. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يەككە-يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مۇستەقىللىكى، تەرەققىياتى ۋە ئىززەت-ئابرويىغا باغلىق بولىدۇ. پەقەت دۆلەت تىنچ، مۇستەقىل، باي-قۇدرەتلىك بولغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەر تەرەققىي قىلالايدۇ، گۈللىنەلەيدۇ، ئالغا باسالايدۇ؛ پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىناق بولغاندىلا، ئاندىن دۆلەت مۇقىم تەرەققىي قىلىش مۇھىتى ۋە شارائىتىغا ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا ئورۇنغا قويۇش، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە قىسمەن مەنپەئەتنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش لازىم. مىللەتنى سۆيۈش كېرەك، دۆلەتنى تېخىمۇ سۆيۈش كېرەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، مۇھىم بىلىش كېرەك، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. مىللەتنى سۆيۈش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش پۇقرالارنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى. بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ قوشۇلۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ غايەت زور مەنىۋى تۈۋرۈكى. ئەمەلىيەت داۋامىدا، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇشى مەيلى يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، رېئاللىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللىي باراۋەرلىك مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي

تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە باپباراۋەر. مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىدا يەنە ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر-بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىنى كەمسىتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرى ھەر ۋاقىت باردى-كەلدى قىلىپ تۇرىدۇ، تۇرلۇك ئالاقىدە بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قاتناشنىڭ ئاسانلىششىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرىش-كېلىشلەر مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بېرىش-كېلىش كۆپ بولغاندىكىن، سۈركىلىشنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقىمۇ ئاشىدىغان گەپ، شۇڭا مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ھۆرمەتلىشىنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش كېرەك. مەيلى قايسى مىللەت پۇقراسى بولمىسۇن، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ۋە تۇرمۇشتا دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئەھۋالنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىنى مەنسىتمەيدىغان، بىر-بىرىنى كەمسىتىدىغان خاھىشلارنىڭ ۋە تەسكىرە قاراشلارنىڭ ھەرقانداقىنى چۆرۈپ تاشلىشى، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مىللىي ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى ئىپادىلەپ قويىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشى، باشقا مىللەتلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، قويۇش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. جۇڭگو مىللەتلەر مەسىلىسىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ماركسىزمنىڭ قائىدىسىگە ۋە جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىگەن. بۇ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر. جۇڭگو — قەدىمدىن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىگە تايىنىدىغان يېقىن مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھالىتى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، كىتابلار، خەرىتىلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى ياكى تارىخىي نۇقتىدىن، رېئاللىق نۇقتىسىدىن ۋە كەلگۈسى نۇقتىدىن كۆزىتەيلى، بۇنىڭ يەكۈنى بىرلا: ”خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ“. جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: جۇڭگودىكى مىللەتلەر ”بىرلەشسە ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق، بۆلۈنسە ھەر ئىككى تەرەپكە زىيانلىق“، ”تارىخنىڭ تەرەققىياتى مىللەتلىرىمىزنىڭ ھەمكارلىقىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ھەمكارلىقىمىزغا ئاساس سېلىپ بەردى“. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈش جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن

بولغان توغرا يول، بونىڭدا شەك يوق. بۈگۈنكى دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە مىللىي توقۇنۇش ئېغىر باسقۇچلارغا كۆتۈرۈلۈپ چىقاردى، بۇ ھال جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، جۇڭگو مىللىي رېسپۇبلىكىلار فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ئەمەس، بەلكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندى. بىزنىڭچە بۇ تۈزۈم ياخشىراق، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىزدە بىرمۇنچە ئەۋزەل نەرسىلەر بار، بۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزدىكى ئەۋزەللىك، بۇنىڭدىن كېچىشكە بولمايدۇ." مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەركەز ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، 1984-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مۇھىم قانۇن بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، قانۇنچىلىق يولغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار، بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، جۈملىدىن ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى جەھەتلەردىن ياردەم بەردى. دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ھەر مىللەت خەلقى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بەزى مىللەتلەر بىرقانچە ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەرقايسى مىللەتلەر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. كەلگۈسى 15 يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولغان، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدىغان 15 يىل بولىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «تەكلىپ»تە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مول مەزمۇنلار بار. 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى يولغا قويۇشتا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە دۆلەت يۆلەش، تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بېرىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق مەسىلىسىگە

مەركەز يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. پەرقنى تارىخ ۋە رېئاللىقتىكى كۆپ خىل ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنى تۈگىتىش ئۇچۇن بىر جەريان كېرەك. پائال تۈردە شارائىت ھازىرلاپ، پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**3. ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەش لازىم.**

دىننىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ تەبئىي مەنبەسى، ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە بىلىش جەھەتتىكى مەنبەسى بار بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرگە، ئاممىۋى خاراكتېرگە، مىللىي خاراكتېرگە، خەلقئارا خاراكتېرگە ۋە مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە. دىن مەسىلىسىدە كىچىك ئىش يوق. دىن مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. دىنىي مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىش-قىلىنماسلىقى دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاشتا، خەلقئارا ئالاقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشتا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىزدىن دىنىي مەسىلىگە قارىتا، خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك چوقۇم "ئالاھىدە سالماق بولۇش"، "ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش" ۋە "ئەتراپلىق ئويلىنىش" پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپ، ھودۇقۇپ كېتىش توغرا ئەمەس؛ مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى كۆرمەي، بىخەستەلىك قىلىش، بولۇشىغا قويۇپ بېرىشمۇ توغرا ئەمەس.

ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۈچ جۈملە سۆزىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم: بىرىنچى، پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىككىنچى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، ئۈچىنچى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. ئەمەلىيەت جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم:

دۆلەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش لازىم. دىن ئېتىقاد جۈملىسىگە

كېرىدۇ، ئۇ پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى. مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتمايلى، بىر ئادەم ئۈچۈن دۆلەت ئەڭ مۇھىم. بىر ئادەم ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى لازىم. بۇ — كوممۇنىستلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنىڭ سىياسىي ئاساسىدۇر. دىنىي ئەقىدىدىمۇ دۆلەتنى سۆيۈش توغرىسىدىكى مەزمۇن بار. ۋەتەننى سۆيۈش — ياخشى دىندارلاردىن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ۋەتەننى سۆيمەيدىغان ئادەمنىڭ دىننى ھەقىقىي سۆيۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىزدە، دۆلەت قۇدرەت تېپىپ گۈللەنگەندىلا، سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا ھەقىقىي دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، رېئال تۇرمۇشتا بەزىلەر دۆلەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، دىننى دۆلەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دىننى دۆلەتتىنمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، دىنىي ئەقىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا، سىياسىتىگە بولسا دېگەندەك ياخشى ئەمەل قىلمايدۇ؛ دىنىي جەھەتتىكى بەزى ئىشلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دۆلەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارغا بولسا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. نۇرغۇن جايلاردا مەكتەپلىرىمىز كونىراپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتتى، لېكىن مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلار ئىنتايىن ھەيۋەتلىك سېلىنىدى؛ بەزىلەر دىنىي ھەرىكەتلەرگە ئىنتايىن قىزغىن قاتنىشىپلا قالماستىن، ھەتتا دىن ئارقىلىق مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش لازىم. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارغا بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ھوقۇق. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش كىشىلەرنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممما، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئاممما بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى تۇپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە نىشانىمىز — دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش. بۇ نۇقتىدىن چەتلىگەن سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى خاتا، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى

تۇرۇش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت، ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

سىياسەت بىلەن دىنىي بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، دىنىنىڭ مائارىپقا، نىكاھ ئىشلىرىغا، ئائىلە ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالار ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللايدىغان مەسىلىگە، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇش. ھەرقانداق دىنىنىڭ سىياسەتكە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىغا بولمايدۇ. دىنىي ساھەدىكىلەر مۇستەقىل-ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا چەت ئەللەر بىلەن دىنىي جەھەتتىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرسا، دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ، ئەمما، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش—ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ ھوقۇقى. دۆلەتىمىزدە، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. دۆلەت ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دىنىي ئىشلار توغرىسىدا بىر تۈركۈم قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، دىنىي كەسپدارلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىشىنى قوغدايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ دىن ۋە دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەيدۇ، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، دىنىي سورۇنلارنى تەسىس قىلىشتا ۋە دىنىي سورۇنلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى دىن دائىرىسىگە كىرمەيدىغان، دۆلەت مەنپەئەتىگە ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل خۇراپىي ھەرىكەتلەردىن، ئاساسىي

قانۇندا، قانۇنلاردا ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن قانۇنسىز ھەرىكەتلەر-
دىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى
قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان قانۇنغا خىلاپ بارلىق قانۇنسىز،
جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم.
دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەش كېرەك. دىن بىر خىل
تارىخىي ھادىسە بولۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ،
ئەگەر دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشالمىسا، زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. كۆپچىلىك
دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى بىلەن تۈپ مەنپەئەت جەھەتتە بىردەك، بۇ — دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە
ماسلىشالىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى. دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەك-
لەش دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ خۇداگۇيلۇق ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشى-
نى تەلەپ قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيۈپ،
سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دىنىنى سۆيۈش بىلەن
ۋەتەننى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرى-
سىگە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى
ئۇلۇغ ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى
قوغداشقا پايدىلىق بولۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشىنى، دۆلەتنىڭ بىر-
لىكىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇشىنى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا
پايدىلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى،
بەزى جايلاردا دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت، مەسى-
لەن، بەزى جايلاردا سالغان مەسچىت، بۇتخانىلارنىڭ كۆلىمى ۋە سانى ئەمەلىي ئېھتىياجدىن
ئېشىپ كېتىپ، ئاممىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن؛ بەزى جايلاردا دىن مەمۇرىيەت،
ئەدلىيە ۋە مائارىپقا ئارىلىشىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز
ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزگەن، ھەتتا بەزى ئاساسىي
قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاشتىمۇ دىنىي كەسپدارلارنىڭ پىكرى بويىچە
ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن؛ بەزى مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۆلۈش-يارىلى-
نىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە رايون مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزگەن،
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تەسىر يەتكۈزگەن؛ بەزى جايلاردا خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇ-
لۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان نەرسىلەر تارقىتىلغان ۋەھاكازا.

دېمەك، قانداق قىلىپ دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يېتەكلەش مەسىلىسى-دە، بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار، بىز بۇ خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

# نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسلىسى زور سىياسىي مەسلىدۇر

## —يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا دائىر بايانلىرىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىرات

شېن سۇنلياڭ، لۇ يۇي، يىن تيەنۇۋ

يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدىكى ”يۇقىرى سۇپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلايلى“ دېگەن مۇھىم نۇتقى يېڭى دەۋردىكى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت. ”نۇتۇق“تا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە—ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلەندى. جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىلمىي نەزەرىيىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ”بولۇپمۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ماركسىزم ئەمەلىيەتتىن كەلگەن ھەمدە ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيە، ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئىگەللىگىلى، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي تۈردە ئوبدان تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى چاغدا پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. شۇڭا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى زور سىياسىي مەسىلىدۇر.“ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ مۇھىم بايانىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ئۇنىڭدا ھازىر قىسمەن پارتىيىلىك كادىرلاردا بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقتەك مۇھىم مەسىلە ئوبدان تۇتۇلغان، شۇڭا بۇنىڭغا بىز يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەمدە بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

### ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى نۆۋەتتە سىياسىي تۇرمۇشىمىزدىكى گەۋ-

# دىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش ئۇستىلى قىلىپ ھەممىدىن بۇرۇن ئېنىق بەلگىلىگەن كىشى يولداش ماۋ زېدۇڭ. يولداش ماۋ زېدۇڭ دوگمىچىلىق ۋە تەجرىبىچىلىكنىڭ جوڭگو ئىنقىلابىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ساۋاقنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى قاتتىق ھېس قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: ”ئۆگىنىش ئۇستىلى دېگىنىمىز مەكتەپلەرنىڭلا ئۆگىنىش ئۇستىلى بولۇپ قالماي، بەلكى پۈتۈن پارتىيىنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۇستىلى. ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسى—رەھبىرىي ئورگانلار، بارلىق كادىرلار ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى، بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىمىز مەسىلىسى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسى. شۇنداق ئىكەن، ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بىرىنچى مۇھىم مەسىلە.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 3-توم، 1596-بەت) ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى دادىللىق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەخسكە چوقۇنۇشقا ۋە دوگمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە توغرا پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلىدى. ئۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىدى. 1992-يىلى، ئۇ يەنە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشتە ”جەۋھىرىنى ئۆگىنىش، ئۈنۈم بېرىدىغىنىنى ئۆگىنىش كېرەك“ دەپ تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش—زور سىياسىي مەسىلە دېگەن يەكۈننى دەل يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە ئاساسلى-نىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسىدىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. توغرا ئۆگىنىش ئۇستىلىدا چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى بىز كوممۇنىستلار ھەرقاچان ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاشقا ھەمدە ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى-نى ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۆگىنىش ئۇستىلى توغرا، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى شۇكى، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ مەزگىلىدە بىر مەھەل ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئايرىم سۆز-ئىبارىلەرنى يېرىم-ياتا ئۈزۈپ ئېلىپ،

ئاددىي ھالدا ئۇدۇللاپ تەتبىقلاشنى بەلگە قىلغان ناچار ئۆگىنىش ئۇستىلى توپ يىلتىزىدىن تۈزىتىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەشەببۇس قىلغان ”ئىلمىي سىستېمىنى ئىگىلەش، روھىي ماھىيەتنى چۈشىنىش، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىش، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش“تىن ئىبارەت توغرا ئۆگىنىش ئۇستىلى شەكىللەنمەكتە. لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يېقىنقى يىللار مابەينىدە كادىرلارغا قارىتىلغان ئۆگىنىش ئۇستىلى تەربىيىسى دېگەندەك تەكىتلەنمىدى، ئۆگىنىش ئۇستىلىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىش كۈچلۈك بولمىدى، ھەر خىل ناتوغرا ئۆگىنىش ئۇستىللىرى بەزى تارماقلاردا ۋە بەزى ئورۇنلاردا باش كۆتۈرۈپ قالدى ۋە ئەۋج ئالدى. بۇ مەسىلىلەر ئىچىدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىش مەسىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتنى نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىۋېتىش مەسىلىسىمۇ بار؛ نەزەرىيىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگەللىيەلمەسلىك مەسىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتنى ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ھالدا ئىگەللىيەلمەسلىك مەسىلىسىمۇ بار؛ نەزەرىيە ئۆگىنىشتە يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىش مەسىلىسىمۇ، نەزەرىيىنى تەتبىقلاشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش، يۈزەكى ئىش كۆرۈش، ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇش مەسىلىسىمۇ بار. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاز ساندىكى كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان بىلمەك بىلەن قىلماق بىردەك بولماسلىق، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولماسلىق مەسىلىسى ئۆگىنىش ئۇستىلى قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىا بۇنداق سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان ناچار ئۆگىنىش ئۇستىلىدىن ئىنتايىن نارازى، قاتتىق بىزار بولماقتا. ئۇلار بۇنداق ئۆگىنىش ئۇستىلىنى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق يىغىنچاقلىدى: بۇنداق ئۆگىنىش ئۇستىلىنى يولغۇتۇرۇۋالغانلار يىغىندا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ، يىغىندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ؛ ئۆزىگە پايدىلىقلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ھەدەپ سۆزلەيدۇ، ئۆزىگە پايدىسىزلىرىنى بۇرمىلايدۇ؛ نەزەرىيە ئارقىلىق باشقىلارغا تەلەپ قويىدۇ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆزىنى ئوپپېراتسىيە قىلمايدۇ. بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرلىقتىن خەلقنىڭ جىنايەتچىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇستىلى توغرا بولمىغان، بىر بولسا ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ماركسىزمنى ئۆگەنمىگەن، بىر بولسا ئۆگەنگەننى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرمىگەن، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىدا كاۋاك پەيدا بولۇپ، چىرىكلىشىش ۋە چۈشكۈنلىشىشكە ئېلىپ بارغان. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق ناچار ئۆگىنىش ئۇستىلى ئېغىر زىيان ۋە يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلدى ھەم قىلىۋاتىدۇ.

ھازىر، كەڭ ئاممىنىڭ مۇنداق سۆز-پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: ”تۆت كىشلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىشلەر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتكەنىدى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ نەزەرىيە ۋۇجۇدقا كەلدى ھەمدە

پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى، ھازىر بىز بەزى كىشىلەرنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بۇ نەزەرىيىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئۇنىڭغا ئۆزى بىلگەنچە پوزىتسىيە تۇتۇشىدىن، بەزى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جەمئىيەتنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىش يولىدا ھەقىقىي تۈردە مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىمەكتىمىز. كەڭ ئاممىنىڭ بۇ ئەندىشىسى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىگە بولغان كۈچلۈك دىققىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا يولداش جياڭ زېمىننىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش—زور سىياسىي مەسىلە دېگەن ئىلمىي يەكۈنىنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ. نەزەرىيىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدىرىگە تاقىلىدۇ، ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقىمۇ ئوخشاشلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدىرىگە تاقىلىدۇ. كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چوقۇم تولۇق بىلىشى كېرەك.

## ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نەزەرىيىگە ۋە ئەمەلىيەتكە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇش

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىدا شەك يوق. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ سانسىز پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى نەزەرىيىگە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش، ئەمەلىيەتكىمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشتىن ئىبارەت. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن 1994-يىلى مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئېيتقاندەك، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا نىشانسىز ئوق ئېتىشقا بولمايدۇ، نىشانلا بولۇپ، ئوق بولمىسىمۇ بولمايدۇ. نەزەرىيىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتنى ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئىلمىي مەنىدىكى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ نەزەرىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئېيتقاندا، روشەن ئىلگىرىلەش بار دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ مۇھىم ئالامىتى شۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەش كېرەك دېگەن ئۆگىنىش ئىستىلى تەلپى كۆنسايىن كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، روھىي ماھىيەتنى چۈشىنىش، ئىلمىي سىستېمىنى ئىگىلەش كۆپ ساندىكى يولداشلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھېلىھەم ئاز ساندىكى يولداشلارنىڭ نەزەرىيىگە قارىتا ھەقىقىي تۈردە توغرا پوزىتسىيە تۇرغۇزغىنى يوق.

بۇنىڭ گەۋدىلىكرەك بىر ئىپادىسى شۇكى، ئۇلار ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىپ ۋە پارچىلىۋېتىپ، يىلتىزداش ئىلمىي تەلىماتنى بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ھەتتا قارىمۇقارشى نەرسە دەپ قارىماقتا. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىمۇ ئۇنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش مەسىلىسى بار. بىر مەھەل خېلى ئومۇملىشىپ قالغان بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇشتەك خاتا خاھىشنى ئېلىپ ئېيتساق، دەرۋەقە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن بەزى يولداشلاردىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى خاتا چۈشەنگەنلىكى ياكى بۇرمىلىغانلىقى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، نەزەرىيىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەش ھەقىقىي تۈردە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. يولداش جياڭ زېمىن نىشانلا بولۇپ، ئوق بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، نەزەرىيىنى زادىلا بىلمەسلىك مەسىلىسىنىمۇ، نەزەرىيىنى ئىگىلەش ئەتراپلىق، توغرا بولماسلىق مەسىلىسىنىمۇ كۆزدە تۇتقان. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، نەزەرىيىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇرغۇزۇشى، قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇپ، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ۋە ئىلمىي سىستېمىسىنى تىرىشىپ ھەقىقىي تۈردە ئىگىلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتكە توغرا پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش-قىلالماسلىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: بىرى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ نىشانى ۋە مەقسىتى مەسىلىسى، يەنە بىرى ئەمەلىيەتنى ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق بىلىش مەسىلىسى. كۆپ ھاللاردا مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇ: بەزى يولداشلار ئېيتقان ئەمەلىيەت شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە شۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇميلىقتىن ئايرىلغان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى ۋە تۈپ مەنپەئىتى نەزەرگە ئېلىنمىغان ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەندە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىدىيىۋى قورالنى ياخشى تەتبىقلىغىلى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى خاتا يولغا باشلاپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پايدىسىز تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە، چوقۇم پارتىيىمىز ئېلىپ بېرىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز شۇكى، بىرىنچىدىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا ۋە 14-قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى دەۋر قىلىپ، بۇ ۋەزىپىلەرنى

ئۆز جايىمىزدا قانداق قىلىپ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرى ئۆزئارا كۆرەش قىلىۋاتقان ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بەزى ئاساسلىق چەك-چېگرىلارنى ئايرىشقا دىققەت قىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئېغىشماي مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىش كۆرىمەن دەيدىكەنمىز، ئەمەلىيەتنى چۈشىنىشتە، سۇبيېكتىپچىلىقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ۋە يۈزەكى ئىش كۆرۈشتىن ساقلىنىپ، ئەمەلىيەتكە تارىخىي يوسۇندا قاراش، ئەتراپلىق قاراش ۋە ئوبيېكتىپ قاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتنى توغرا، چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئېغىز ئاچالايمىز-دە، پۈتنى يۇنۇپ ئۆتۈككە سىغدۇرۇشتەك دوگمىچىلىق خاتالىقىدىن ساقلىنالايمىز.

## ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشتا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك

پارتىيىمىز نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىدىغان ناچار ئۆگىنىش ئىستىلى زادىلا تۈگىمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى ئاددىي مەنىدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى، شۇنداقلا پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىدۇر. ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەت؛ ئۆگىنىش ئىستىلى توغرا بولماسلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى بولسا دەل دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ توغرا بولماسلىقىدۇر. دېمەك، ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۈتۈشتا دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىشنى تۇتماي بولمايدۇ.

دۇنياقاراش كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان ئومۇمىي قارىشى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزىرى، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلىغا كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە ھەل قىلغۇچ تەسىرى مۇنداق ئىككى جەھەتتە گەۋدىلىك

ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىن كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئەھۋالدا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە بېقىنىش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق؛ يەنە بىرى، كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئېلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق. ماركسىزمچە دۇنياقاراشنىڭ بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئېتىراپ قىلساقلا، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان ئەمەلىيەت قارىغۇ ئەمەلىيەت، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيە قۇرۇق نەزەرىيە دېگەن قاراشقا چوقۇم كېلەلەيمىز، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چوقۇم ئاڭلىق تۇردە چىڭ تۇرالايمىز، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئىلمىي، توغرا نەزەرىيە ئىكەنلىكىگە، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە كۈچ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە چوقۇم قەتئىي ئىشەنچ باغلىيالايمىز-دە، بۇ نەزەرىيىنى ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ئىزچىللاشتۇرالايمىز. كۆپلىگەن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۆزى بۆلەك، ھەرىكىتى بۆلەك بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقى ياكى ئۇنى ئۇنتۇغانلىقىدىندۇر. بەزىلەر سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىدىن تەۋرەندى، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە پەقەت ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلەر ماركسىزمنىڭ باشقا نەزەرىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان توپ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەقسىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مانا بۇلار ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرا بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبلەردۇر.

كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان توپ قاراشتۇر، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلىغا بولغان تەسىرى تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەينى يىللاردا ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە يېزىقچىلىق ئىستىلى توغرا بولماسلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇ شەخسىيەتچىلىك بىرىنچى دەيدىغان ئىدىيىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن بولغان، دەپ دەل جايىدا كۆرسەتكەنىدى. شەخسىيەتچىلىك—بۇرژۇئا دۇنياقارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ توپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەزەرىيە، ئاخىرقى ھېسابتا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەزەرىيە، شۇنداقلا كوللېكتىپچىلىقنى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەزەرىيە. ماركسىزمچە نەزەرىيە نۇقتىئىنەزىرىنىڭ بۇنداق سىنىپىي

خاسلىقى بىلەن شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر قارىمۇقارشىلىق شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەرنىڭ ئاخىرلىق يوسۇندا ئۆز ھەرىكىتىگە ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىك ئاساسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى خېلى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتتى، ئۇلار شەخسنىڭ ياكى كىچىك گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا چەتنىدى. شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەر ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ، ئامال تاپالمىغاندا، كىتابتىكى ۋە ھۆججەتتىكى مەزمۇنلاردىن بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ سۆزلەپ قويىدۇ، لېكىن، شەخسىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە مۇقەررەر ھالدا باشقىچە يول تۇتىدۇ. دېمەك، ھازىر كادىرلار قوشۇنىدا بىلمەك بىلەن قىلماق بىردەك بولماسلىق، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ساقلىنىشى ماھىيەتتە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن بولغان.

قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ۋە قىممىتىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە بولغان تونۇش ۋە باھا بېرىش ئۆلچىمىدۇر، قىممەت قارىشىمۇ ئۆگىنىش ئىستىلىگە ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ۋاستىلىك تەسىرى شۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا، بەزىلەر تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئالدىدا گاڭگىراپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ھەقىقەتلىكىدىن ۋە يېتەكچىلىك رولىدىن، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىۋاستە تەسىرى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە زىت كېلىدىغان سۇيىئىستېمالچىلىق ئاساسىدىكى قىممەت قارىشى باش كۆتۈرۈپ قالدى ۋە يامىرىدى. بۇنداق قىممەت قارىشىدىكىلەر بىرەر ئادەمنىڭ قىلغان مەلۇم ئىشىغا باھا بېرىشتە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى تىلغا ئالمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قانداق كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ۋە قانداق پايدىغا ئېرىشكەنلىكىگە قارايدۇ، ئۆزىگە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ۋە پايدا يەتكەنلىكى ئىش بولسا، ئۇنى توغرا دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش بولسا خاتا دەپ قارايدۇ. بۇنداق قىممەت يېتەكچىلىكىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلىگە ئىنتايىن پايدىسىز پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى تەبىئىي.

بۇ تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتى دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، پۈتۈن پارتىيىدىكى

يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى ھەقىقىي تۈردە تۇرغۇزۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. جاڭ سىدې، لېي فېڭ، كۇڭ فەنسېن قاتارلىق ئىلغار شەخسلەر ئەنە شۇنداق قىلغان. بىز شۇلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئالاقىدار مېخانىزم مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرمۇنچە يولداشلار ئېيتقاندەك، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئەھۋالى بەك ئېغىرلاپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشنى يېتەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈزۈم جەھەتتىن بەزى ئامال-چارىلەرنى تېپىپ چىقىش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمى كادىرلارنى، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، بىلمەك بىلەن قىلماق بىردەك بولۇشنى، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى جەھەتتە دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، نەزەرىيىدىنمۇ، ئەمەلىيەتتىنمۇ خەۋىرى بار، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى ياخشى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم يولداشلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقتى. ئۇلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىمىز تېخى مۇكەممەل ئەمەس. بىلىمكى بىلەن قىلمىقى بىردەك بولغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولغانلارنى ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈشىمىزمۇ يېتەرسىز، بىلىمكى بىلەن قىلمىقى بىردەك بولمىغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغانلارنى ئۈنۈملۈك چەكلىشىمىزمۇ يېتەرسىز. بۇنداق ئەھۋالدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمى جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇھىم پرىنسىپلىرى، مەسىلەن، نەزەرىيە جەھەتتىكى تەلەپ، سىياسىي نەتىجە جەھەتتىكى تەلەپ، ئەخلاق جەھەتتىكى تەلەپ، قابىلىيەت جەھەتتىكى تەلەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەمدى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئىستىلىغا قويۇلىدىغان تەلەپنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە كونكرېتلاشتۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش، چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش ئىشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش ۋە

ئىلمىيلەشتۈرۈش يولىغا تېزدىن سېلىش كېرەك. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ جەھەتتىكى مېخانىزىم قانچىكى مۇكەممەللەشسە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ياخشى ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىنى شۇنچە ئىلگىرى سۈرگىلى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان ياخشى كادىرلارنى تېخىمۇ كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ج ك پ شەنشى ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان سابىت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

05>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V　刊号:ISSN1006—5857/CN11—2498/D

邮发代号:2—373　定价:1.80元　邮政编码 100013